ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى داۋاملىق قاراپ چىقتى

# قانۇن بويىچە مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا تۆرتكە بولىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئومۇمىي يىغىن ۋە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى. ۋەكىللەر مۇنداق قارىدى: ئۈچ دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، باش تېما روشەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك، تەدبىرلەر كۈچلۈك بوپتۇ، 2019 ـ يىللىق خىزمەتلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا خۇلاسىلىنىپ، 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەر كونكرېت، تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ھەم مەركەزنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئۇيغۇن، ھەم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بوپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى دىلشات قېدىرقان مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا خىزمەت مەۋقەسى ئەمەلىيەتكە قويۇلغان ئاساستا خۇلاسىلىنىپ، مەسىلىلەر ئىلمىي، ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپ، خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى زىچ چۆرىدىلىپ تۈرلۈك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ؛ ساقلانغان مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، يوشۇرماي، زىددىيەتكە بىۋاسىتە دادىل يۈزلىنىلىپ، كەمچىلىكلەر، سەتچىلىكلەر دادىل ئاشكارىلىنىپتۇ. مەن بۇ دوكلاتقا قوشۇلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە، مەن قانۇن بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەش، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈلگە بولۇپ، ئاكتىپ ھالدا قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق شەكلى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بايان خوجا مۇنداق دېدى: ئۈچ دوكلات نۇرغۇنلىغان پاكىت ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق سۆزلەنگەن بولۇپ، سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بوپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئورۇن بېكىتىش توغرا، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغان، خەلق ئۈچۈن قانۇن يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئادىللىقىغا بولغان ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇلۇپتۇ. بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل بولۇپ، پۇرسەت، خىرىس تەڭ مەۋجۇت، بېكىتىلگەن نىشانى سۈپەت ـ سانغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىغا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىنى نەقلەشتۈرۈشتە، بىزنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشىمىزغا، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، رولىمىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋاڭ شياۋلۇڭ مۇنداق قارىدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئوبيېكتىپ، ئومۇميۈزلۈك بولغان، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، باش تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ياخشى دوكلات بوپتۇ؛ 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇشتا تەپەككۇر يولى ئېنىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ۋەزىپە ئايدىڭ، ئىشەنچ ئۇرغۇتۇلغان، جەڭگىۋارلىق ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تېخىمۇ ئېنىق يۆنىلىشكە، تېخىمۇ زور ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سۇڭ شياۋلىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى ئومۇميۈزلۈك، ئەمەلىي، ئۇچۇر مىقدارى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان پاكىت ۋە سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق ئۆتكەن بىر يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر ۋە يارقىن نۇقتىلار خۇلاسىلىنىپتۇ، كىشىنى ھەسسىلەپ روھلاندۇرىدۇ. 2020 ـ يىلى، مەن داۋاملىق مەسئۇلىيىتىمنى پائال تولۇق ئادا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا كەڭ قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

**(پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرى جاۋ جيۈن، شى شىن، يۈەن لېي، جاڭ يۈنمېي، لياڭ لىخۇا يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇرچنىڭ زىممىدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى ئۆزلۈكسىز مۇجەسسەملىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۈستۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، سىجىل تۆرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، ئالىيجاناب ھەم قەتئىي غايە ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ئېڭى، پارتىيە ئىنتىزامىسى ئېڭى، پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش جاسارىتى ۋە پىچاق بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىش قىلىشقا، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇشنى ساقلاشقا، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشكە تۆرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي تۈگىتىپ، پارتىيەنىڭ تېنىدە پەيدا بولغان بارلىق زەھەرلىك ئۆسمىلەرنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ بولغان، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان بارلىق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. تىنچلىقتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئۇنتۇماسلىق، ھاياتلىقتا ئۆلۈمنى ئۇنتۇماسلىق، خۇشاللىقتا غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا روھىنى ئۇرغۇتۇپ، نۇرغۇن، يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، جۈرئەتلىك بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، خاتىرجەم شارائىتتىمۇ خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلايدىغان سىياسىي سەگەكلىك، ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم ئىستراتېگىيەلىك ئىرادە، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئىلگىرىلەش ھالىتى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۆكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن شاۆكەت ئىمىن، جۇ خەيلۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى. شاۆكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، يۇقىرىدىكى ئۈچ دوكلاتنىڭ قارار لايىھەسىنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاپتونوم رايونىنىڭ يەسلى مائارىپى نىزامى» «ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇن بويىچە ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسىنى قانات يايدۇرۇش چارىسى» «ئاپتونوم رايونىنىڭ پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرىنى قوغداش نىزامى»نى تۈزۈش، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاتارلىقلار. بۇ تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، مۇھىت ئاسراش، مائارىپ ئىلمى، قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ.

11 پارچە تەكلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلدى.

ئىگىلىنىشچە، يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلىرىگە بەرگەن تەكلىپ، تەنقىد، پىكىردىن جەمئىي 415 پارچە تاپشۇرۇۋېلىنغان. يىغىن مەزگىلىدە، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ 21 پارچە تەكلىپىگە يۈزتۇرا جاۋاب بەردى، ۋەكىللەرنىڭ قالغان تەكلىپلىرى يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلار، تەشكىلاتلار ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت ئاپپاراتلىرىغا تەتقىق قىلىپ بېجىرىشكە بىر تۇتاش تاپشۇرۇلىدۇ ھەم ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن مەسىلىگە توغرا قارايدىغان جاسارەت ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئاڭلىقلىق بىلەن پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ما يىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە ھەقىقىي قول سېلىپ قېيىنغا تېگىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش جەھەتتە كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىندى. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغان تۆت چوڭ تۈردىكى 65 تۈرلۈك كونكرېت مەسىلە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاش قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغان يەتتە چوڭ تۈردىكى 44 تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىنىڭ ھەممىسىدە تۈزىتىش تاماملاندى. «بۇ يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، بىز باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇتۇپ ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تۈردە ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، 2020 ـ يىلى ھازىر يولغا قويۇلغان ئۆلچەمدە يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى ما يىڭ.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتتە ساقلانغان ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش جايىدا بولماسلىق، ئۇچۇرنى ۋاقتىدا ئاشكارىلىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى سۈپىتىدە دائىم بوشاشماي تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئىشلىرى ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

## ■ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، تۈزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۆرتكە بولىمىز

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەتنىڭ ئۆيۈل تاشتەك بولۇشى، بۇرچنىڭ زىممىدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر لى شۆدۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز قاتناش ـ ترانسپورت كەسپىنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئۈلگىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ‹باشلامچى›لىق رولىمىزنى ياخشى جارى قىلدۇرىمىز».

«باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى مەسئۇلىيەتنى جايىدا ئايدىڭلاشتۇرۇش، تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسىلىلەرنى جايىدا ھەل قىلىشتا چىڭ تۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لىيۇ جۈنجاڭ مۇنداق بىلدۈردى: باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە چېتىشلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىمىز.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىنى باشقۇرۇشتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ تەقسىم قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ بەھرىمەن بولۇش، ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىجارە بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئارىيەت بېرىش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى تۈزەپ، ھەر مىللەت كاپالەتلەندۈرۈلۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ئىجارە ئېلىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى. «بىز يۇقىرى قاتلام لايىھەسى ۋە تۈزۈم لايىھەسىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى تۇتاشتۇرۇپ، تۇرالغۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تۇرىدىغان جايى بولۇش، خۇشال ـ خۇرام تۇرالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى كاپالەتلىك باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېن گاڭ.

## ■ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ تىرىشىپ ئۈلگە بولىمىز

«باش تېما تەربىيەسىدە، بىز ‹يۇغۇرۇلۇپ بىر نىيەتتە بولۇش، كۈچنى مۇجەسسەملەپ تەرەققىي قىلىش›تا چىڭ تۇرۇپ، ئىش بىرلىكى، ئادەم بىرلىكى، كۈچ بىرلىكى، قەلب بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى مۇجەسسەملىدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئىسلاھات تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيغۇنلىشىپ، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى، بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشى، ياخشىلىنىشى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئەلالىشىشى، رىقابەت تەرتىپىنىڭ سىجىل قېلىپلىشىشى، سۈپەت ئۆسۈشىنىڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىلىشى، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىشىشىدىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىۋ جيەنگو مۇنداق دېدى: «‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› بىزنىڭ بوشاشماي دائىم تۇتىدىغان ئۆمۈرلۈك تېمىمىز بولۇپ، چوقۇم باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ياخشىلاش داۋامىدا نەزەرىيەۋى تونۇشنى، ئىستىلنى ياخشىلاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش داۋامىدا يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىق، يېڭى نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك».

«بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە ‹13 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىز رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە رەھبىرىي كادىر بولۇشتەك باشلامچىلىق رولىمىزنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەسلى مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشقا زەربە بېرىش، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قۇدرەتلىك ياردەمچى كۈچ بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى شىنجاڭ يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ كۇيرەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز رېن خۇا، لى لىن، لىيۇ يى، لۇ فېڭباۋ، لى چۈنشيا، ۋاڭ يۈجاۋ، چاۋ جىن، ۋاڭ يۈڭفېي يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)